# 5113 - نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلمايدۇ؟

## سوئال

نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلمايدۇ؟، بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئىمام ئىبنى قەييۇم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "دۇئا ۋە ئاللاھقا سىغىنىش قورالنىڭ مەرتىبىسىدە بولۇپ، قورال بىسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئىشلەتكۈچى بىلەن كۈچلۈكتۇر، قورال مۇكەممەل، ئەيىبسىز ۋە كۈچلۈك بولغاندا، قارشى تۇرغۇچى يوقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى تولۇق مەغلۇپ قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. قاچانكى يۇقىرىقىدىكى ئىشلارنىڭ بىرەرسى تەسىرگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭ تەسىرى بولمايدۇ". [كىبسەللىك ۋە ئىلاج ناملىق ئەسەر 35-بەت].

دۇئا ۋە دۇئا قىلغۇچىدا تولۇق بولۇشى زۆرۈر بولغان ئەدەپ ۋە ھالەتلەر مەۋجۇت بولغاندەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشنى چەكلەپ قويىدىغان ئامىللارمۇ مەۋجۇتتۇر. بۇ ئامىللارنىڭ دۇئادا ۋە دۇئا قىلغۇچىدا بولمىغان ۋاقىتتا دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى روياپقا چىقىدۇ.

دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ياردەم بولىدىغان سەۋەبلەردىن:

1-دۇئانى ئىخلاس بىلەن قىلىش. بۇ دۇئا قىلىشنىڭ مۇھىم ئەدەپلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا دۇئانى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَادْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار.» [سۈرە غاپىر 65-ئايەت]. دۇئانى ئىخلاس بىلەن قىلىش دىگەنلىك: دۇئا قىلىنغۇچى زات ئۇنىڭ ھاجىتىنى بېرىدىغان ھەممىگە قادىر يەككە يىگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ دۇئا قىلىش دىگەنلىكتۇر.

2-تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىش. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشنى چەكلەپ قويىدىغان ئاساسلىق ئامىل گۇناھ-مەسىيەت بولۇپ، دۇئا قىلغۇچى دۇئا قىلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىشى كېرەك. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دىگەنلىكى بايان قىلىدۇ:﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا ، يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا ، وَيُمْدِدْكُم بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَل

لَّكُمْ أَنْهَارًا}.تەرجىمىسى: **«ئۇلارغا ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ.»** [سۈرە نۇھ 10-11-12-ئايەتلەر].

3-دۇئانى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىت قىلغان ۋە ئازابىدىن قورققان ھالدا خۇشۇ بىلەن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، بىچارىلىكىنى ئىپادىلەپ قىلىش كېرەك. مانا بۇ دۇئانىڭ روھى، مېغىزى ۋە مەقسىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:.{ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً ۚ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ}.تەرجىمىسى: **«پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە-كەلمەس سۆزلەپ، تولۇپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ.»** [سۈرە ئەئراف 55-ئايەت].

4-تەكرار-تەكرار ئۆتۈنۈش، خاتىرجەمسىزلەنمەسلىك ۋە زېرىكمەسلىك كېرەك. دۇئانى ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇش ئارقىلىق مەقسەت ھاسىل بولىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە دۇئانى ئۈچ قېتىمدىن تەكرارلاش ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن كۆرگىنىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندا ۋە ئىستىغپار ئېيتقاندا ئۈچ قېتىمدىن تەكرارلاشنى ياخشى كۆرەتتى.»** [ئەبۇ داۋۇت ۋە نەسائىي رىۋايىتى].

5-كەڭرىچىلىك، راھەت-پاراغەتلىك ۋاقىتلاردا دۇئانى كۆپ قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كەڭرىچىلىك ۋاقىتلاردا ئاللاھنى تونۇساڭ، قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا ئاللاھمۇ سېنى تونۇيدۇ.»**[ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

6-دۇئانىڭ ئەۋۋىلى ياكى ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە كەلتۈرۈپ ئاللاھقا يېلىنىش كېرەك.

7-دۇئانىڭ ئەڭ گۈزەل، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئوچۇق ئىپادىلىنىدىغان ئۆزى ئىخچام مەنىلىك سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى بىلەن قىلىنغان دۇئالاردۇر. ئەڭ ياخشى دۇئا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھاجاتلىرىنى ئۇنىڭدىن باشقا ئىبارەتلەر بىلەن ئىپادىلەپ دۇئا قىلسىمۇ بولىدۇ.

دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەپلىرىدىن: قىبلىگە يۈزلىنىش، دۇئانى تاھارەت بىلەن قىلىش، دۇئانى ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيدىغان ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللايدىغان سۆزلەر بىلەن باشلاش، شۇنداقلا

دۇئا قىلغان ۋاقىتتا ئىككى قولنى ئېگىز كۆتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇقەددەس ئورۇنلارنى تاللاش، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ياردىمى بولىدىغان ئامىللاردىندۇر.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مۇۋاپىق ۋاقىتلار:

ناماز بامداتتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت (يەنى سەھەر ۋاقتى)، كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى، جۈمە كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، يامغۇر چۈشىۋاتقان ۋاقىت، ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدىكى ۋاقىتلاردىن ئىبارەت.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئەڭ مۇقەددەس ئورۇنلار: ئومۇمى تەرەپتىن بارلىق مەسچىتلەر، خۇسۇسىي تەرەپتىن ھەرەم-بەيتۇللاھ مەسچىتى.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ھالەتلەر: زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى، قىيىنچىلىقتا قالغۇچىنىڭ دۇئاسى، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئۈچۈن ئۇ يوق يەردە قىلغان دۇئاسى قاتارلىقلار.

دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى چەكلەپ قويىدىغان ئامىللار:

1-دۇئانىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك بولماسلىقى؛ يەنى دۇئادا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ياكى ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئەدەپكە رىئايە قىلماسلىق. ئاللاھ تائالادىن سوراش لايىق بولمايدىغان نەرسىلەرنى تىلەش، مەسىلەن ئالساق: خۇددى ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئەبەدىي ياشىشىنى ۋە گۇناھ-مەسىيەت ياكى چەكلەنگەن-ھارام ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورىشى، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەشكە ئوخشىغان ئىشلار توغرىسىدا دۇئا قىلماسلىق كېرەك.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«بەندە گۇناھ-مەسىيەت بولىدىغان ياكى ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزىدىغان ئىشلار توغرىسىدا دۇئا قىلمىسا باشقا ئىشلار توغرىسىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ.»** [مۇسلىم رىۋايىتى].

2-دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك بولماسلىقى: يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىگە يۈزلىنىشتە قەلبىنىڭ ئاجىز بولۇشى. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئادابىنىڭ ناچار بولۇشى يەنى دۇئانى ھەددىدىن زىيادە ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلىشى ياكى سورىغان نەرسىسىدىنبىھاجەتتەك ھالەتتە دۇئانى ئاخىرلاشتۇرۇش، سۆزنىڭ مەنىسىگە قارىماستىن لەۋزىنى ياپسالاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆز ئىچىدىن بولماستىن بەلكى ساختا شەكىلدە ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۈنلۈك يىغا-زارە قىلىپ دۇئا قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

3-دۇئا قىلغۇچىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ ئۆلچەملىك بولماسلىقى: دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلانماسلىقى (يەنى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ

جاي، قاتناش ۋاستىلىرى، توغرا بولمىغان يوللار بىلەن پۇل تېپىش ئارقىلىق هايات كەچۈرۈش)، ئۇنىڭ قەلبىگە گۇناھ-مەسىيەت داغلىرىنىڭ ئورناپ كېتىشى، دىندا بىدئەت پەيدا قىلىش ياكى بىدئەت يولىغا ئەگىشىش، ئومۇمى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق قەلبنى غاپىللىق قاپلاش قاتارلىقلار دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4-هارام مال-دۇنيانى ئىستىمال قىلىش، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى چەكلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر. ئەبۇ هۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھ غايەت پاكتۇر، پاكىزە نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا تەقۋادار كىشىلەرنى پەيغەمبەرلەرنى بۇيرىغان ئىشقا تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا ۖ إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾تەرجىمىسى: «ئى پەيغەمبەرلەر! هالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن هەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن.» [سۈرە مۆمىنۇن 51-ئايەت]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان هالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار.» [سۈرە بەقەرە 172-ئايەت]. يۇقىرىقى ئايەتنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئۇزۇن سەپەرگە چىققان، چاچلىرى چاڭ-توزاڭ ۋە چۇۋۇق، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئى رەببىم! دەپ دۇئا قىلىۋاتقان كىشىنى زىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرى هارام، هارامدىن غىزالانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام هەدىستە زىكىر قىلغان كىشىدە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ياردەمچى بولىدىغان مۇساپىرچىلىق ۋە ئاللاھقا قاتتىق ئىلتىجا قىلىشتەك بەزى ئىشلار تولۇقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ هارام نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلغانلىقى دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى چەكلەپ قويدى. ئاللاھ تائالا هەممەيلەننى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

5-دۇئا قىلغۇچى دۇئاسىنىڭ تېزدىن ئىجابەت بولمىغانلىقىغا ئالدىراپ هەسرەتلىنىپ دۇئا قىلىشنى تەرك ئېتىشى توغرا ئەمەس. ئەبۇهۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلدىم ئەمما قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى دەپ ئالدىراپ كەتمىسە، قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ.»[بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

6- دۇئانى جەزىملەشتۈرۈپ قىلماسلىق، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى چەكلەپ قويىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىندۇر (مىسالغا ئالساق: دۇئادا، ئى ئاللاھ! خالىساڭ مېنى كەچۈرۈم قىلغىن دېگەندەك سۆزلەرنى قوللىنىش). بەلكى، دۇئا قىلغۇچى دۇئانى ئەستايىدىل، كەسكىن، تىرىشچانلىق ۋە ئۈمىد بىلەن قىلىش كېرەك. بۇ هەقتە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلغاندا، ئى ئاللاھ! خالىساڭ مېنى

**كەچۈرۈم قىلغىن، خالىساڭ ماڭا رەھمەت قىلغىن دېمەستىن بەلكى، سورايدىغان نەرسىنى كەسكەن سورىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشىنى بىر نەرسە سوراشقا مەجبۇرلىغۇچى يوق.»** [بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

دۇئا قىلغۇچى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەدەپ-ئەخلاقلارغا تولۇق رىئايە قىلسا ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى چەكلەيدىغان چەكلىمىلەردىن ساقلانسا، ئۇنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ دېيەلىنىلمەيدۇ ئەمەس، بەلكى، ئىنسان تىلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن توغرا ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك دېيەلىنىدۇ.

دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا ئىنساننىڭ بىلىشى مۇھىم بولغان بىر قانچە تۈرلۈك ئىشلار بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دۇئادىن بولغان تەلىپى روياپقا چىقىدۇ. قىلغان دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشىدىن بىر يامانلىق دەپئى قىلىنىدۇ. ئۇ كىشىگە دۇئاسىدا تەلەپ قىلغاندىنمۇ ياخشىراق بىر نەرسە بېرىلىدۇ، ياكى قىلغان دۇئاسى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بەندە قىيامەت كۈنى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغان ۋاقىتقا كېچىكتۈرۈلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.